# ئاللاھ رىزىق بەرگۈچى



غۇنچىلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئادىل بىر كۈنى ھويلىسىنىڭ بېغىدا ئولتۇرۇپ ئۇزۇن سەپ بولۇپ مېڭىۋاتقان بىر توپ چۈمۈلىلەر ھەققىدە ئويلىنىپ قاپتۇ. دادىسى ئۇنى كۆرۈپ:

- ئادىل نېمىگە قاراۋاتىسەن، ئوغلۇم؟-دەپتۇ.




- دادا، مەن چۈمۈلىلەر ھەققىدە پىكىر
يۈرگۈزىۋاتىمەن. چۈمۈلىلەر يېمەكلىكنى
قانداق توپلايدۇ؟


- ئوغلۇم، ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا رىزىق بەرگۈچىدۇر.
ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: يەر يۈزىدىكى
ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ
«مەرھەمەت يۈزىسىدىن» ئۈستىگە ئالغان.
غۇنچىلار

چۈمۈلىلەر ۋە باشقا بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى يېمەكلىك ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى مۇۋەپپەق قىلىپ رىزىق بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق بەرمىسە ئىدى، ئۇلار قارىغۇلارچە يىمەكلىك ئىزدەۋەرگەن بولاتتى، ھەتتا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغان بولاتتى.




- دادا، بىزگە كىم رىزىق بېرىدۇ؟
- ئوغلۇم، چۈمۈلىلەرگە رىزىق بەرگەن ئاللاھ بىزگىمۇ رىزىق بېرىدۇ.
غۇنچىلار


ئاللاھ بۇ دۇنيادا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسگە ئۆز رىزقىنى تەقسىم قىلىدۇ. ئاللاھ بەرگەن رىزىقلاردا تەقۋادار بولغان، ئاللاھ بەرگەن نىئمەتلەرگە شۈكۈر قىلغان كىشىلەرگە ئاللاھ ئاخىرەتتە ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ساۋاپ بېرىدۇ ۋە جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.
غۇنچىلار

مەسلەن: مەن ھەر كۈنى ئىشقا بارىمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىمەن، ئاللاھ ماڭا ئۆز رىزقىمنى تەقدىر قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ بىزگە رىزىق بەرمىگەن بولسا ۋە بىزگە ئىنئام قىلمىغان بولسا بىز يەيدىغان يېمەك-ئىچمەك تاپالمىغان بولاتتۇق.




شۇڭلاشقا بىز ئاللاھنىڭ بەرگەن
نېئمەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھقا
شۈكۈر قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ ھېكايىدىن ئېرىشكەنلىرىمىز:

*ئاللاھ يەر يۈزىدىكى پۈتۈن جانلىقلارغا رىزىق بەرگۈچى.

*رىزىق ئىزدەش يولىدا سەۋەپ قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشىمىز لازىم .

*نىئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش رىزىقنىڭ كەڭرى بولىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

